شىنجاڭ گېزىتى 21
2021 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جۈمە

(بېشى 20 ـ بەتتە)

ياشانغانلار ساغلاملىق مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، داۋالىنىش، كۈتۈنۈش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ياشانغانلار پەرۋىشى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ پەرۋىش كارىۋىتى تەمىناتىنى كۆپەيتىپ، كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرىدا پەرۋىش كارىۋىتى سالمىقىنى 55%كە يەتكۈزۈپ، ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان، ئەقلىي ئىقتىدارى ئاجىز ياشانغانلارنىڭ پەرۋىش مۇلازىمىتى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك. ياشانغانلارنىڭ پاراۋانلىق سەۋىيەسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار، يېشى چوڭ، ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ياشانغانلارغا تولۇقلىما بېرىش تۈزۈمى ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار، ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان، ئۆيىدە قالغان ياشانغانلارنى يوقلاش، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىنى ئۈنۈپرسال نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ياشانغانلارنى كۈتىدىغان، ياشانغانلارغا ۋاپادارلىق يەتكۈزىدىغان، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەت كاپالىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمۈرنىڭ ئۇزىرىشى، ياشانغانلار كۆپىيىش يۈزلىنىشىنىڭ تېزلىشىشى، تەربىيەلىنىش مۇددىتىنىڭ ئېشىشى، ئەمگەك كۈچى قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئامىللارنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ئۇششاق قەدەم بىلەن تەڭشەش، ئېلاستىك يولغا قويۇش، تۈر بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە، قانۇندا بەلگىلەنگەن پېنسىيە يېشىنى تەدرىجىي كېچىكتۈرۈپ، ئادەم كۈچى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاق باشلار ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ياشانغانلارغا لايىق تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ يارىتىپ، ئاقىل كۈتۈنۈش قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

| | 18 ـ جەدۋەل «ياشانغانلار ۋە بالىلار» مۇلازىمەت تۈرلىرى |
|---|---|
| 01 | ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى ياشانغانلارغا لايىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش<br>2 مىليون ئائىلىلىك ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار يېشى چوڭ، ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان، مېيىپ ياشانغانلار ئائىلىسىنى ياشانغانلارغا لايىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىشنى قوللاپ، يۆلۈشلۈك ياردەمچى ئۈسكۈنە ۋە يېتىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى سەپلەش لازىم. |
| 02 | مەھەللىدە، ئائىلىدە كۈتۈنۈش مۇلازىمەت تورى قۇرۇلۇشى<br>500 رايون، ناھىيەنىڭ زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىدىغان، ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇلىدىغان مەھەللىدە، ئائىلىدە كۈتۈنۈش ئۈلگىلىك مۇلازىمەت تورى قۇرۇپ، ھاجىتىدىن چىقالمايدىغانلارنى پەرۋىش قىلىش، كۈندۈزى ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، يېمەك ـ ئىچمەك، يۇيۇنۇش، تازىلىق، داۋالىنىش، يۆلۈش ـ تۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشنى قوللاش لازىم. |
| 03 | كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش<br>300دەك تەربىيەلەش ـ دەم ئالدۇرۇپ داۋالاش ئاپپاراتىنى ئومۇمىي مەنپەئەتدار كۈتۈنۈش ئاپپاراتىغا ئۆزگەرتىپ، 1000دەك ھۆكۈمەت كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرىدا پەرۋىش كارىۋىتى تەسىس قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش بايلىقىغا تايىنىپ داۋالاش بىلەن كۈتۈنۈش بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسلىھە قۇرۇشنى قوللاش لازىم. |
| 04 | ئومۇمىي مەنپەئەتدار ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمىتىنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇش<br>150 شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ ئۈنۈپرسال ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمەت ئاپپاراتى ۋە مەھەللە ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمەت ئەسلىھەسى قۇرۇشنى قوللاپ، 500 مىڭدىن ئارتۇق ئۈلگىلىك ئومۇمىي مەنپەئەتدار ھاۋالىلىك بېقىش ئورنىنى يېڭىدىن كۆپەيتىش لازىم. |
| 05 | پەرزەنت سۆيەر شەھەر قۇرۇلۇشى<br>100 شەھەردە پەرزەنت سۆيەر شەھەر بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپ سىرتى پائالىيەت سورۇنى، مەھەللە بالىلار ئۆيى قۇرۇلۇشى ۋە ئاممىۋى بوشلۇقلارنى بالىلارغا لايىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بالىلار ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. |

## 14 ـ قىسىم خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، ئورتاق بەرپا قىلىش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش

بارلىق كۈچنى ئىشقا سېلىپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، ئۇللۇق، تولۇق كاپالەتلىك خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق بەرپا قىلىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورتاق بېيىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكەت پىروگراممىسى تۈزۈپ، رايونلار پەرقى، شەھەر ـ يېزا پەرقى ۋە كىرىم پەرقىنى تەشەببۇسكار ۋە ئاكتىپلىق كىچىكلىتىپ، ئومۇمىي خەلقنى تەرەققىيات مېۋىسىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل بەھرىلەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

### 46 ـ باب دۆلەت ئاممىۋى مۇلازىمەت تۈزۈمى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش

ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتتىكى كەمتۈكلۈكنى تېزدىن تولۇقلاپ، غەيرىي ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ ئاجىز تۈرلىرىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ باراۋەرلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش**

شەھەر ـ يېزا، رايونلارنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت تۈزۈمىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، سۈپەت ۋە سەۋىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاممىۋى مائارىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت، تۇرالغۇ كاپالىتى، ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىشلىرى، نەپىقە بېرىش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش، مېيىپلەر مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەرنى چۆرىدەپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت ئۆلچەم سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئۆلچىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ھەمدە ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئۆلچەم سەۋىيەسىنى شەھەر ـ بىلەن يېزا، رايونلار ئارا جىپسىلاشتۇرۇش، تەكشۈشلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دائىملىق ئاھالىنىڭ كۆلىمى ۋە مۇلازىمەت دائىرىسىگە ئاساسەن، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ جايلىشىشىنى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە ئورتاق بەرپا قىلىپ ئورتاق بەھرىلىنىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت بايلىقىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا كېڭىيىشى، يېزىلارنى قاپلىشى، چەت ـ يىراق رايونلار ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا مايىللىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىش**

ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن غەيرىي ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى پەرقلەندۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى سۇبىيېكتلىق ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، غەيرىي ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش سۇبىيېكتىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشى، تەمىنلەش شەكلىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بالىلار تەربىيەسى، كۈتۈنۈش قاتارلىق تەمىنات ـ تەلەپ زىددىيىتى گەۋدىلىك بولۇۋاتقان مۇلازىمەت ساھەلىرىدە، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار، قېلىپلىق مۇلازىمەت تەمىناتىنى كۆپەيتىشىنى قوللاپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، قېلىپلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچى تۈرلۈك ئاپپاراتلارنىڭ ئېتىبار سىياسەتتىن بارا ۋەر بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمەت قۇرۇپ يۇقىرا تىجارەت قىلىش، ھۆكۈمەت مۇلازىمەت سېتىۋېلىش، ھۆكۈمەت ـ جەمئىيەت كاپىتال ھەمكارلىقى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت تەمىناتىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئاممىۋى مۇلازىمەت ساھەسىدىكى كەسپىي ئورۇنلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسپىي ئورۇنلار بىلەن ئىجتىمائىي كۈچلەر ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف ئاممىۋى مۇلازىمەت سىياسىتىنىڭ كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

مالىيەنىڭ چىقىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتتىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشقا ئالدىن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەركەز بىلەن جايلارنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت ساھەسىدىكى ئىش ھوقۇقى ۋە چىقىم جاۋابكارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەركەز مالىيەسى بىلەن ئۆلكە دەرىجىلىك مالىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى مالىيە جەھەتتىن قوللىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. تېخىمۇ كۆپ ئاممىۋى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمەت سېتىۋېلىش يېتەكچى مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈپ، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مالىيە، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، يەر قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. يۇقىراۋى ئاپپاراتلار بىلەن ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا سالاھىيەت ئىجازىتى، ئۇنۋان باھالاش، يەر بىلەن تەمىنلەش، مالىيە جەھەتتىن قوللاش، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش جەھەتلەردە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

### 47 ـ باب ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش

تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پايدىلىق ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمىنى ئاشۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، قۇرۇلمىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش زىددىيىتىنى پەسەيتىش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى كۈچەيتىش**

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشان مەسئۇلىيىتىنى باھالاش مېخانىزمى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەسىرىنى باھالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر، سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق نۇقتىلىق توپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى قوللاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمىغا چېتىلغان كەسىپ سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان مۇلازىمەتچىلىك، ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلار ۋە ئەمگەك كۆچ ئۇمۇلسىگەن كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، مەھەللە تاللا بازىرى، قولاي دۇكان ۋە مەھەللە مۇلازىمەت ئىش ئورۇنلىرىنى مۇقىم كۆپەيتىش كېرەك. باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۆپەيتىپ، ماھارەت كۈچ ئۇمۇلسىگەن كەسىپلەرنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكىللىرىنى قوللاپ ۋە قېلىپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قاتلامدىن مائارىپ، داۋالاش ۋە كەسپىي ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سېتىۋېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، كۆپ يوللار ئارقىلىق جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تۈرلۈك چەك قويۇش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ، ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شەھەر ـ يېزا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا پائال يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. پاراۋانلىق ئىش ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، مېيىپلەر، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەر ئەزالىرى قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تىرىشىپ ياردەم بېرىش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

شەھەر ـ يېزىلارنى قاپلىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ـ ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچىلەر ۋە كارخانىلارنى سىياسەتتىن مەسلىھەت بېرىش، كەسىپ تونۇشتۇرۇش، ئادەم ئىشلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش مۇلازىمەتلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش كېرەك. كارخانىلارغا ياردەم بېرىپ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان دائىملاشقان يۆلەش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم مەبلىغى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىتىش كېرەك. ئەمگەك كۈچى قوبۇل قىلىش مەركەزلەشكەن رايونلار بىلەن ئەمگەك كۈچى چىقىرىدىغان ئۆلكىلەرنى جىپسىلاشتۇرۇش ـ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمگەك كۈچىنىڭ رايون ھالقىپ دەل جايىدا جىپسىلىشىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك توختامى تۈزۈمى ۋە ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش ئەھۋالىنى تۈزەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ۋە ئەمگەك ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلىش، كېسىم قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىدىكى كەسىپكارلارنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىشسىزلىقنى كۆزىتىش ـ سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ـ ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش**

ئۆمۈرلۈك ماھارەت تەربىيەسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى داۋاملىق كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش كېرەك. كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى ۋە نۇقتىلىق توپنى مەخسۇس تەربىيەلەش پىلانىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزە بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلارنىڭ ماھارەت تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تەربىيەلەش سۈپىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل كەسپىي ماھارەت تەربىيەسى مەبلىغىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پايدىلىنىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەربىيەلەش قوشۇمچە ياردىمىنى كارخانىلار ۋە تەربىيەلەنگۈچىلەرگە بىۋاسىتە يەتكۈزۈش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. تەربىيەلىنىش خىراجىتىنى باجدىن بۇرۇن چىقىرىۋېتىش سىياسىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنى ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. زاكازلىق ـ يۆلۈشلۈك تەربىيەلەشنى قوللاش لازىم. بىر تۈركۈم ئاممىۋى پىراكتىكا بازىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى يۇغۇرۇش بازىسى بەرپا قىلىپ، تەربىيەلەش بايلىقىنى ئورتاق بەرپا قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەملىكەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىلىرىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك.

### 48 ـ باب كىرىم تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش

ئاھالە كىرىمىنى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن ئاساسەن تەڭ قەدەمدە ئاشۇرۇش، ئەمگەك ھەققىنى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئاساسەن تەڭ قەدەمدە ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىمىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنى داۋاملىق كۆپەيتىپ، ئورتاق بېيىشنى تېخىمۇ پائال، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف ئاھالە كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش**

ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك ھەققىنىڭ دەسلەپكى تەقسىماتتىكى سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مائاشنى بېكىتىش، مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش ۋە مائاش چىقىمىغا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى ۋە مائاش يېتەكچى سىزىقىنى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، مائاشنى كوللېكتىپ كېڭىشىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇش كېرەك. ئامىلغا قاراپ تەقسىم قىلىشقا دائىر سىياسەت ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ھەققىنى بازار بەلگىلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يەر، كاپىتال قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقى ئارقىلىق ئوتتۇرا، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ ئامىل كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بارلىق خادىملارنى ئۈنۈم بويىچە باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك. ئىش ئورنى ئۈنۈمى ۋە دەرىجە، تۈر بويىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئەمگەك كۈچى ئەۋەتىش ـ ئىشلىتىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ مال ـ مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىمىنى كۆپ يوللار ئارقىلىق كۆپەيتىپ، دېھقانلارنىڭ يەر قوشۇلما قىممەت پايدىسىدىن بەھرىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ پايدا تەقسىمات تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئائىلىلەرنىڭ بايلىق باشقۇرۇش ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش لازىم. دۆلەت كاپىتالى پايدىسىنى ئاممىۋى مالىيەگە تاپشۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى مالىيە چىقىمىنى خەلق تۇرمۇشى كاپالىتىگە ئىشلىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنى كۆپەيتىش**

ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنى كۆپەيتىش ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپ ۋە كەسپىي ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، ماھارەتلىك ئەمگەكچىلەر، دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ۋە كەسپىي ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ماسلىشىشچانلىقى ۋە ئەمگەككە قاتنىشىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تېخنىك ئىشچىلارنىڭ يۈكسىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادىي تەشكىلات، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە ئەركىن كەسىپلەردىكى كەسپىي تېخنىك خادىملارنىڭ ئۇنۋان ئىلتىماس قىلىش ۋە ماھارەت دەرىجىسىنى بېكىتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنىڭ تەمىنات سەۋىيەسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش لازىم. يۇقىرى ساپالىق دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا بايلىقى ۋە زامانىۋى تىجارەت ئۇسۇلى ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش كېرەك. كىچىك، مىكرو ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى يۆلەش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەككە تىجارەتچىلەر، جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ بېيىشىنى قوللاش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف قايتا تەقسىملەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

باج، ئىجتىمائىي كاپالەت، يۆتكىمە چىقىم قاتارلىقلارنىڭ تەڭشەش سالمىقى ۋە توغرىلىقىنى ئاشۇرۇپ، خەيرىيەت قاتارلىق 3 ـ قېتىملىق تەقسىماتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىرىم ۋە بايلىق تەقسىماتى ئەندىزىسىنى ياخشىلاش كېرەك. بىۋاسىتە باج سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۈنۈپرسال بولۇش بىلەن تۈرگە ئايرىش بىرلەشتۈرۈلگەن شەخسلەر تاپاۋەت بېجى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى كىرىملىكلەرگە قارىتىلغان باج تەڭشەش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ئىجتىمائىي كاپالەت تەمىناتى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ ئادىللىقى ۋە تولۇقلۇقىنى كۈچەيتىپ، تۆگەل كاپالەت ئۆلچىمىنى ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كىرىم تەقسىماتى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇنلۇق كىرىمنى قوغداپ، زىيادە يۇقىرى كىرىمنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، قانۇنسىز كىرىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مونوپوللۇق ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشى ئارقىلىق ئېرىشكەن كىرىمنى چەكلەش كېرەك. شەخسىي كىرىم ۋە مال ـ مۈلۈك ئۇچۇرى سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. زامانىۋى چىقىم ۋە كىرىم كۆزىتىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

### 49 ـ باب كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش

كاپالەتلەندۈرۈلىدىغانلارنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۆۋەن چەكنى ساقلاش، تورنى پۇختا توقۇش، مېخانىزم ئورنىتىش تەلىپى بويىچە، ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان، شەھەر ـ يېزا بىرتۇتاش پىلانلانغان، ئادىل، بىرلىككە كەلگەن، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تېزدىن تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش**

كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ ئۇزاققىچە تەڭپۇڭ بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش غەملەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش شەرتىنى بوشىتىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن كىشىلەرنى تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. دۆلەت كاپىتالىنى ئاجرىتىپ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى تولۇقلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىستراتېگىيەلىك زاپاس فوندىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى مۇۋاپىق تەڭشەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلى ئۆلچىمىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش لازىم. كۆپ قاتلام، كۆپ تۈۋرۈكلۈك كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كارخانا يىللىق پۇلىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، 3 ـ تۈۋرۈك كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى قېلىپلىق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. كەسپىي ئەمگەكچىلەرنى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن كەڭ دائىرىدە قاپلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆلكە دەرىجىلىك بىرتۇتاش غەملەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى يۆتكەپ داۋاملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇش تۈزۈمى ۋە خەيرىيەت تۈزۈمىنى ياخشىلاش**

شەھەر ـ يېزا تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قاتلام ۋە تۈرگە ئايرىلغان ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۈنۈپرسال پاناھلاندۇرۇش ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاساسىي تۇرمۇشنى پاناھلاندۇرۇش تۈزۈمى ۋە داۋالاش، مائارىپ، تۇرالغۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلار قاتارلىق مەخسۇس پاناھلاندۇرۇش تۈزۈملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پاناھلاندۇرۇش ئۆلچىمى ۋە پاناھلاندۇرۇش ئوبيېكتىنى ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ۋاقىتلىق پاناھلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەت، تەدبىرلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغانلارنى ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇش فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. شەھەر ـ يېزا پاناھلاندۇرۇش سىستېمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، دائىم تۇرۇشلۇق جايىدا پاناھلاندۇرۇشقا ئېرىشىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مۇلازىمەتلىك ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇشنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇش مۇلازىمىتى سېتىۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەيرىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مالىيە ـ باج قاتارلىق رىغبەت سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. تور خەيرىيەت سۇپىسىنى قېلىپلىق راۋاجلاندۇرۇپ، لاتارىيە ۋە پاراۋانلىق فوندىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمەت سىستېمىسى ۋە كاپالەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرىنىڭ تەشكىللەش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسى، خىزمەت يۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى ۋە سىياسەت ـ تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە مۇلازىمەت قىلىش ـ كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يار ـ يۆلەك بولۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ساھەسىنى كېڭەيتىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. يېڭىچە تەمىنات كاپالىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، نەپىقە سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ۋە باشقا نەپىقە ئوبيېكتلىرىنىڭ تەمىنات ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈپ، بىللە كۆچۈپ بارغان جورىسى ۋە

(ئاخىرى 22 ـ بەتتە)